بىلەن سودا قىلىشۋاتقانلار، بىر كويغا ئۈچ، بەش كويغا ئۈچ دەپ تووۋلاپ تۇرۇپ سودا قىلىشۋاتقانلارنى پەقەت مۇشۇ جايدىلا كۆرۈشكىلى مۇمكىن.

بۇ -ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇمچىدىكى كىچىك جەمئىيىتى، يۇقىرى تەرەققىيات رايونىدا ياشايدىغان، بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ باقمىغان 10 ياشتىن تۆۋەن باشقىلار كېلىپ قالسا، بۇلار چەتئەللىكمۇ دەپ سورايدىغان بىر ئاجايىپ ماكان. مەن ئۇرۇمچىنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇرۇمچىنىڭ مۇشۇ جايلىرىنى ياخشى كۆرىمەن، قاچانلا قارىسا مەيلى قىلىن قار ياغقان كۈنلىرى بولسۇن، ياكى ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى بولسۇن، مۇشۇ جايلارنى كۆرگەن ۋاقتىمدا، مۇشۇ جايلاردىكى بىر كويلۇق ماتاڭ، ياكى پايپاقلارنى سېتىپ ھالال پۇل تېپىشۋاتقانلارنى كۆرگەن ۋاقتىمدا دىلىمدا ئاجايىپ بىر قايىللىق ۋە خۇشاللىق ھېس قىلىمەن، مىللىتىمگە بولغان مېھرى-مۇھەببەت، قايىللىق ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

ئۇرۇمچى چوڭ شەھەر، بىر دوست بىلەن يەنە بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىشتا ماشىنىغا چىقماي ياكى تاكسىغا چىقماي ئامال يوق، ئارىلىق ئۇزۇن، ماشىنىلار جىق، قاتناش قىستاڭچىلىقى دائىملىق ئىش، قاتناش قىستاڭچىلىقى ۋەياكى قار ياغقان كۈنلىرى ماشىنا ماڭالماي، ئۆز ئارا سوقۇلۇپ كېتىش سەۋەبلىك، خىزمەتكە كېچىكىش ئەھۋاللىرى دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش.



ئۇرۇمچى-بىر بىلىم يۇرتى، ئۇرۇمچى-بىر مودا شەھەر، ئۇرۇمچى- قىشتا سوغۇق، قىشتىكى ھاۋاسى مەينەترەك شەھەر، لېكىن، ھەممە يەردە پار بولغاچقا، سىزگە ئۇنچە سوغۇق بىلىنمەيدۇ، ئۇرۇمچى- بىر ئۆزىنى تاپىدىغان شەھەر، بىلىملىك كىشىلەر ھەم جەملەشكەن جاي، پاكىز ،زاھىت، تەقۋادار ،ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ھەم توپلاشقان شەھەر. قىسقىسى، مەن ئۇرۇمچىنى ياخشى كۆرىمەن.

**يېڭى سۆز – ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Çok | بەكمۇ |
| Bembayaz | ئاپپاق |
| Sis, duman | ئىس-تۈتەك |
| Neden,sebep | سەۋەب |
| Değiştir – | ئۆزگەر- |
| Uluslar arası | خەلقئارا |
| Yer adı | دۆڭكۆرۈك |
| Gıda | ئوزۇق |
| Nimet | نازۇ – نېمەت |
| Şimdiki | ھازىرقى |

| | | |
|---|---|---|
| ئا: | ( بۇ كىتابلارنىڭ \ بۇ كىتابلار )<br>( بۇ دەپتەرلەرنىڭ \ دەپتەرلەر )<br>( بۇ لۇغەتلەرنىڭ \ بۇ لۇغەتلەر ) | ھەممىسى سىلەرنىڭمۇ؟ |

ئە: ھەئە، ھەممىسى بىزنىڭ.

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئا: | ( سىلەر ھەممىڭلار)<br>( ئۇلارنىڭ \ ئۇلار )<br>(يېڭى ساۋاقداشلارنىڭ \ يېڭى ساۋاقداشلار ) ھەممىسى | ئۇيغۇرچە | سۆزلىيەلەمسىلەر<br>سۆزلىيەلەمدۇ<br>سۆزلىيەلەمدۇ | ؟ |

| | |
|---|---|
| ئە: ئاز - پاز | سۆزلىيەلەيمىز.<br>سۆزلىيەلەيدۇ.<br>سۆزلىيەلەيدۇ. |



## تېكست

I

### پايتەخت- ئۈرۈمچى ھەققىدە

ئۈرۈمچى - بىر مەركىزى شەھەر، يازدا بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ، قىشتا قار ياغغان كۈنى ئاپپاق قارلىرى بىلەن چىرايلىق، بىراق ئەتىسىلا ئاپپاق قارلار ئىس-تۈتەك سەۋەبىدىن قارا رەڭگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى خەلقئارا چوڭ بازار، دۆڭكۆۋرۈك، سەنشىخاڭزا، يەنئەن يولى ئەتراپىدىكى كونسۇل كوچىسى، چوڭ مەسچىت (ياڭخاڭ مەسچىت، نوغاي مەسچىتى، بەيتۇلمەئمۇر مەسچىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئالدى قاتارلىق جايلار ھەققەتەنمۇ ئادەمگە بىر خىل روھى ئۇزۇق بولىدىغان، باشقا شەھەرلەردە كۆرۈشكە مۇمكىن بولمايدىغان، نازۇ- نېمەتلەرنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ھازىرقى زامان ئۇسلۇبى بىرلەشكەن، قانداق بىر خىل تاماقنى يەيمەن دېسىڭىز يېيەلەيدىغان، كۆڭلىڭىز نېمىنى تارتسا شۇ خىل يېمەكلىكلەرنى تاپقىلى بولىدىغان ئاجايىپ بىر دۇنيا، بۇ جايدا ھازىرقى زاماندا مودا كىيىنگەنلەرنىمۇ، ئەنئەنىۋى كىيىم كەيگەنلەرنىمۇ ئىشقىلىپ ھەر خىل ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇچرىتالايسىز، بىرەرسى بىلەن ئۇچراشماقچى بولسىڭىزمۇ مۇشۇ يەردىن تاپالايسىز ۋە ئۇچرىتالايسىز، ھالال مېھنىتى ۋە ئاددى ساددا، قىزغىنلىقى

## ئون توققۇزىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

### I

ئا: سىلەر

سۇ ئۈزەلەمسىلەر
ئىنگلىزچە سۆزلىيەلەمسىلەر
ۋاسكېتبول ئوينىيالامسىلەر
ماشىنا ھەيدىيەلەمسىلەر

؟

ئە: مەن

سۇ ئۈزەلمەيمەن
ئىنگلىزچە سۆزلىيەلەيمەن
ۋاسكېتبول ئوينىيالمايمەن
ماشىنا ھەيدىيەلمەيمەن

. ئۇلار

سۇ ئۈزەلەيدۇ
ئىنگلىزچە سۆزلىيەلەيدۇ
ۋاسكېتبول ئوينىيالمايدۇ
ماشىنا ھەيدىيەلمەيدۇ

.

ئا: سىلەر تۈنۈگۈن

ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزەلىدىڭلارمۇ
ھېلىقى كىتابنى ئالالىدىڭلارمۇ

؟

ئە:

ئۆتكۈزەلمىدۇق
ئالالمىدۇق

، بۈگۈن

ئۆتكۈزىمىز
ئالىمىز

.

### II

ئا: ئەته

(سىلەر) ھەممىڭلار
(ئۇلارنىڭ \ ئۇلار) ھەممىسى

سائەت كۆرگەزمىسىگە

بارامسىلەر
بارامدۇ

؟

ئە: ھەئە، ئەته

(بىز) ھەممىمىز
(ئۇلارنىڭ \ ئۇلار) ھەممىسى

سائەت كۆرگەزمىسىگە

بارىمىز
بارىدۇ

.

ئا:

(سىلەرنىڭ\ سىلەر ) ھەممىڭلاردا
(ئۇلارنىڭ\ ئۇلار) ھەممىسىدە

ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت بارمۇ ؟